# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

2021 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 24

چارشەنبە

维吾尔文 3 月24日

25370 ـ سان

بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65−0002/−W  پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57  تىيانشان تورى: www.ts.cn


## شى جىنپىڭ تېلېگراممىا ئەۋەتىپ تۆگلۈننىڭ لائوسنىڭ دۆلەت رەئىسلىكىگە سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى

### لى كېچياڭ تېلېگرامما ئەۋەتىپ پانكانىنىڭ لائوس ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭلىلىقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى

تانزانىيە زۇڭتۇڭى ماگۇفۇلىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

## شى جىنپىڭ تانزانىيەنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن زۇڭتۇڭى ھاسانغا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

2 ـ بەتتە

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

## ساياھەتچىلىك باشلامچى قىلىنىپ، 3 ـ كەسىپكە ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشۇلدى

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولايلى

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى رىبىن جياڭ

ئالتاي تېغى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ھەرقايسى چوڭ قار تېيىلىش مەيدانلىرىدا، شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن قار تېيىلىش ھەۋەسكارلىرى ئۇچقاندەك قار تېيىلىۋاتاتتى، ھەرىكىتى ناھايىتى چەبدەس ئىدى؛ تۇرپاندا ئىللىق قۇياش نۇرى پارلاپ تۇراتتى، باھار شامىلىدا مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئۆرۈك دەرەخلىرى چېچەكلىگەن بولۇپ، ساياھەتچىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ، ئىللىق باھار مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى؛ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىدىكى چاقىلىق ناھىيەسىدە، 2021 ـ يىللىق بايىنغولىن ئوبلاستى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش بويىچە N40° تىن تۈنجى قېتىم كېسىپ ئۆتۈش سەپىرى باشلاندى، ئاپتوموبىللار يول بويى توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈپ، بىپايان قۇملۇقنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى... 3 ـ ئايدىكى شىنجاڭ تۈپرىقى ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى.

مەدەنىيەت ئارقىلىق ساياھەتنى يارىتىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش شانلىق سەھىپىسىنى پۈتۈش؛ ساياھەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى نامايان قىلىپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈش. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، قايتا سەپەرگە ئاتلاندى. ساياھەتچىلىكنىڭ ئاساسى ئۈزلۈكسىز پۇختىلىنىپ، كەسىپنىڭ يېتەكلەشچانلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشتىكى رولى يەنىمۇ نامايان بولدى.

### ئاساسنى پۇختىلاپ، كەسىپ تەرەققىياتىدا تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ ئىشنى ياخشى قىلىش

3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بولاي دەپ قالدى، چۆچەك ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقىدىكى دالا يەنىلا ئاپئاق قارغا پۈركەنگەنىدى، ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر مەزگىل كۈتۈشكە توغرا كەلسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك ئالدىنقى مەزگىللىك تەييارلىق خىزمەتلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى.

«بۇ يىل، بىز نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ يادروسىنى چۆرىدەپ، ‹قاتناش + ساياھەت› سۈپەتلىك ماركا قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتىدىكى يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ ئۈلچەم خادىسىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن يارىتىپ، ‹ئۈچ ئوق، تۆت رايون› كۆپ مەنبەلەشكەن بازار ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسى چاغانكۆل ساياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ داۋاملاشما قۇرۇلۇشى، G219 ھەممىباب كارتا ئاقىل ساياھەت سىستېمىسىنى ئېچىش تۈرى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئالاقىدار ساياھەت تۈرلىرىدە قۇرۇلۇش باشلاش ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنى پىلانلىدۇق. نۆۋەتتە، ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى جىددىي ئىشلىنىۋاتىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ ساياھەت مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى پاي كونترول تارماق شىركىتى شىنجاڭ تارباغاتاي بېيەنيۈن ساياھەت مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى.

ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 501 كىلومېتىر كېلىدىغان G219 (تارباغاتاي بۆلىكى) شىمالدا قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا ئالاتاۋ شەھىرىگە تۇتىشىدۇ، بۇ، شىنجاڭ بۇ يىل نۇقتىلىق بەرپا قىلىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرىدىغان ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش سەرخىل لىنىيەسى بولۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار سۈن تىيەنشياڭ، سۈن شاۋلۇڭ)** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى ھەم مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

تونۇشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنى پەيتىدە تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلق بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ماڭغان ئۇلۇغ مۇساپىسى ئەسلەپ ئۆتۈلىدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرى خۇلاسىلىنىدۇ، يېڭى دەۋرگە كىرىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەر، يۈز بەرگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەر نامايان قىلىنىدۇ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىگە ئاتلىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ ۋە سەپەرۋەر قىلىنىدۇ.

ئىگىلەشكە ئاساسلانغاندا، تەبرىكلەش پائالىيىتى ئاساسلىقى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلىدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر گۈلخان ئويۇنى كۆرمەكتە. شۇ كۈنى، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۆكئاغاش يېزىسىدا «چارۋىچىلىق بىلەن ساياھەتچىلىكنى يۇغۇرۇش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش» ئارقىلىق يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇش مەدەنىيەت ـ ساياھەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئات ھارۋىسى بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى ساياھەت قىلىش، گۈلخان كېچىلىكى قاتارلىق مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيەتلىرى نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

□ ئارداق بېيىسقان فوتوسى

100 يىللىق كۈرەش يولى  يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتتى

## كۆندىلىك ئۆگىنىشكە سىڭدۈرۈپ، دائىملىق تۇتۇشتا ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش  ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش
ئەمەلىي ئىش قىلىش  يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

كۆپ سۈيىدىن پايدىلىنىش، «پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش باغچىسى» قۇرۇش، تەشۋىقاتنى كەڭ قانات يايدۇرۇش... يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، كۆندىلىك ئۆگىنىشكە سىڭدۈرۈپ، دائىملىق تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئەڭ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەستايىدىل تەشكىللەپ، بەلگىلەنگەن ھەرىكەتنى پۇختا ئۆگىنىش، ئۆزى تاللىغان ھەرىكەتنى كېڭەيتىپ ئۆگىنىش، ھەيدەكچىلىك قىلىپ، تەكشۈرۈپ، تۈرتكە بولۇپ ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

نۇيۇزلۇق ئېلان قىلىش • ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

تەجرىبە، ئۇسۇللار ۋە مۇھىم نەتىجىلەرنى يەرلىك نىزام ئارقىلىق مۇستەھكەملەش

## «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى» يولغا قويۇلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **مېھرىگۈل غوپۇر**نىڭ 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى»(تۆۋەندە «نىزام» دېيىلىدۇ) ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىدا 2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ماقۇللانغان، 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي يولغا قويۇلغان.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىللەتلەر خىزمىتى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇھىم سۆز قىلىپ، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مىللەتلەر خىزمىتىگە ئېنىق ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

تۈنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى  يېڭى كەيپىيات يارىتايلى

## ئالدىنقى ئىككى ئايدا ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدە چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 280% كۆپەيدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **چېن چياۋبىي**نىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئېيىدا، ئۈرۈمچى ـ سانجى تاموژنىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدە چېگرادىن كىرىپ ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 76 قېتىمغا، يۈك توشۇش مىقدارى 79 مىڭ 100 توننىغا، يۈك قىممىتى 455 مىليون دوللارغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 280%، 281.96% ۋە 583.02% ئېشىپ، ھەممىسىدە يىغىلىش مەركىزى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان.

ئۈرۈمچى تاموژنىسى يارىتقان يىغىپ توپلاش ـ يىغىپ توشۇش ئەندىزىسى جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنى ئۈرۈمچىدە «يولدىن ئۆتۈش»تىن «يىغىلىش»قا ئۆزگەرتتى، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكىرى رايونلاردىن يولغا چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ توشۇش كۈچىدىن پايدىلىنىپ پەلەمپەيسىمان بىۋاستە يەتكۈزۈش، تېز كۆچ ئۇلاپ توشۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ماللىرىنى ياۋروپاغا ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن تېز توشۇش يولى ھازىرلاپ بېرىلدى.

«ئەسلىدە چېگرادىن چىقىدىغان بىر نۆۋەتچى پويىزنىڭ 42 ـ 41 ۋاگونى بار ئىدى، بۇ يىلدىن بۇيان، بىر پويىزنىڭ ۋاگونى ئاساسىي جەھەتتىن 46 ـ 45 ئارىلىقىدا بولۇپ، يەككە مىقدارى تېز كۆپەيدى، قايتىش سەپىرىدىكى يۈكمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى، لىق قاچىلىنىش نىسبىتى زور مىقداردا ئاشتى، ھەم لىق يۈك بېسىپ يولغا چىقىپ، ھەم لىق يۈك بېسىپ قايتىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە كارخانىلىرىنىڭ ‹قوش ئايلىنىش›قا

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## مىقدار، سۈپەت تەڭ ئۆستى  دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ «بىرىنچى قەدىمى» ھەم تېز، ھەم پۇختا بولدى

دۆلەت كارخانىلىرى ئۆستىدە ئىزدىنىش  يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا قاراش

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى شى شىن

بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نەتىجە قەغىزى تاپشۇردى: تىجارەت كىرىمى، پايدا ئومۇمىي سوممىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 90.5% ۋە 164.6% ئاشتى.

ئىشنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئۆزى ھەل قىلغۇچ جەڭ، قەدەم ئېلىش كېيىنكى ۋەزىيەتنى بەلگىلەيدۇ. بېسىپ ئۆتكەن ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە، خىرىسقا تولغان 2020 ـ يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى دۆلەت كاپىتالى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنى كۈچەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش، زورايتىشنى پۇختا ئىگىلەپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تىرەك بولۇش رولىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم بۇرچنى جارى قىلدۇرۇپ، «مىقدار» جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئېشىش، «سۈپەت» جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك تىرەك بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى.

«14 ـ بەش يىل»لىق يېڭى مۇساپە يېتىپ كەلدى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدىكى باشلامچى ۋە ئاساسىي قوشۇن بولغان دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى يەنە قانداق يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىدۇ؟

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)